## ایتالیا و اینکلتره اراسی

لوندون – رایتیر,, مخبری یازا:ور عوام پالاتسی‌دا خارجی سیاست توغراسیدا مذاکره بولوب انکلتره‌خارجیه وزیری‌هیدین ایتالیا حکومتیکا حبشستان توغراسیدا بولغان نارا‌ضیلیق‌لرنی بیان قیلغان بولسه‌ هم‌بوکونده ایتالیاحبشستانی تمام اشغال قیلدی هم حبشستان توفراغیدا هیچ بر یرده حبشستان حکومتی یوق. بونینك اوچون حبشستانی ایتالیا قولیدن قایتاریب الماق اوچون باشقا دولت‌نینك حربی قوتی بولماسه اصلا ممکن ایماس. بونینك اوچون ینکی محاربەنی الدا توتماسلیق‌غا ایتالیا توغراسیدا انکلتره حکومتی قرارینی اوزگارتیشی لازم‌دور. حبشستانداکی حاضرقی وضعیتنی اوزگارتیش اق دینگیزغنه ایماس بلکه بتون دنیادا بیوك محاربه چیقاریش دیمکدور. انکلتره‌حکومتی هم ملتلر اتفاقی البته اوشبو محاربەنی خواهلامای دورلر هم حبشستان مسله‌سی ملتلر اتفاقی نینك اجتماعی‌ٔ سنتابر اینده‌بولماقی لازم‌ٔ محاربه مسله سیده انکلتره ده فرانسیه و غیر مملکت‌لرداکی خلق‌نینك احوال روحیه‌سی بیلان یاخشی تونوش بولماق‌لازم‌چونکه اق دینگیز حوضه‌سیده محاربه بولوب قالسه هوا هجومیدن قانچه قربان بولوش هر بریمزگه معلوم بولسه کرك‌دور. خارجیه وزیری هیدین‌نینك معروضه‌سیگه قارشی سابق باش وزیر لوعید جورج ایتادور: من 50 سنه‌بولدی‌عوام پالاتاسی‌نینك اعضاسی‌دورمن هم برنجی مرتبه انکلتره حکومتی‌نك بو درجه‌قوت‌سیزبولغانینی‌کورامن دیدی‌باش وزیر بالدووین‌حکومت نینك هیدین بیلان بر فکرده بولغان لیقینی معلوم قیلدی.

═ روما – ۱٤ نجی ایون. اینکلتره‌نینك ایتالیاگه قارشی سیاستی حقنده ژورنال دی‌ایتالی: یازادور: ایتالیا بیلان انکلتره اراسیدا تنجلیق بولوش حقنده حکومت ایچیده‌برلیك حاصل‌بولدی بونینك باشلیقی باش وزیر بال دووین بولغان ایدی.

═ لوندون – ۱٦ نجی ایون تایمیس گزیته‌سی یازادور: تنجلیق مسله‌سیده البته‌کرمانیا بیلان‌انکلا شماق لازم سابق باش وزیر ماقدو نلد بعضی بر قارشلیق کورساتسه هم ایتالیا بیلان تنجلیق‌نی وجود غه چیقاریش طلبیده دور.

═ لوندون – ۲۰ نجی ایون حبشستان‌نك لوندون‌داکی وکالت خانه‌سی انکلتره‌نینك خارجیه‌وزیری هیدین‌نینك بوکونده حبشستانده هیچ بر حبشستان حکومتی یوق دیکان معروضه‌سیکه قارشی حبش پادشاسی‌نینك الغان خبریکه کوره حبشستان‌نك غرب طرفیده والیده مادیق باشلیق حکومت بولغانلقنی رسمی معلوم قیلادور.

### نیتیجه

مشهور محریر کارل‌رادیك اوروپا گزیته‌لاریده یازادور: خارجیه وزیر لاری هیچ وقتده تاریخ بیلان علاقه لاری بولمایدور. زمان تاریخیدین معلومات‌لاری بولسه هم بونینك اوچون انکلتره‌نك خارجیه وزیری هیدین زمانه‌گه موافق علاقه‌قیلش نی معقول کورادور چونکه حبش ستان اوچون در واقع بو کونده هیچ بر بیوك دولت اوروشقه طیار لانیب تورمایدور. ایتالیه‌گه قارشی فرانسه احتمال قارشی تورماقغه حرکت قیلسه لیکن حاضرقی وضعیتده بونك‌غه امکان یوق. یاپونیاو ایتالیا و کرمانیا مسله‌لری حل قیلینمادی‌بونینك اوچون دنیاده تنجلیق بولدی دیب اویلاش توغرا کلمایدور.

ادارەلر اعضالری مکتب طلبه‌لری و نورغون خلق جماعت طرفیدین استقبال قیلنب طنطنه ایله توشورولدی...

### ینکی شنجانك

کاشغرکهنه‌شهر شنجانکی حمدالله‌بك افندی‌نك شنجانك‌لیق مدتی تولوب عسکری لوازمات اداره‌سی‌غه تعین بولوب اورنی‌غه شن‌لیك‌گه تعین بولغان یاسین بك شنجانك 8 نجی ای‌نینك 3 نجی کونی کاشغرغه داخیل بولوب 8نجی‌ای‌نینك5نجی کونی شوی‌شین جین جانك باشلق ملکی و مدنی اداره‌لر اعضالری کوپ جماعب الدیدا ضرور نطقلر ایله تامغو تافشوروب الدی.

### اوغریلر توتولدی

کاشغر دیفانك فاین طرفدین برنچه نغر اوغریلرنی‌کومورکانی‌گه ایشلش اوچون یباریلکن ایدی. بو اوغری لر تاغدا اوستیدا قویغان یایی‌نی اولتوروب‌قاچقانلر ایکن‌کاشغر٦نجی سیغا قاراشلیق تاغداکی اویغور عسکرلردین‌صوفی‌فیجانك‌بو اوغری لرنی تاغدا قوغلاب‌کوبنی توتوب تافشورغان قالغان بر ایکی نفرینی تاغدا ایستب تورماقدا دور.

### یوللرنی توزه‌تیش ضرور

انسانلرنینك اجتماعی حیات و تریکچیلیکی اوچون یوللرنینك اهمیتی‌نی بیانغا حاجت یوق. بر یورت‌نینك یوللری کنك توز و یاخشی بولسا خلق اوچون نه‌قدر اسانلیق و اسایش بولوشی معلوم دنیادا علم‌لیق و مدنیت‌لیك یورت لرنینك‌یوللری‌نینك قانداغ توزکنك‌و چیرایلیق بولغانینی خیلی کوب ادملریمیز هم‌بیلسه کرك دین‌اسلام دا یوللرنینك اذیت‌سیز کنك کشاده بولوشی‌نینك ضرور ایکن لیکینی (الایمان بضع و سبعون شعبة ادناها اماطة الاذی عن‌الطریق) دیب یوللردن عامه خلق‌غه زحمت‌و اذیت یتکوزادورغان نرسه‌لرنی یراق قیلیشنی دین‌نینك بر شاخی‌حساب قیلغان حدیث صحیح معلوم قیلسه کرك. ایلگریده حکومت و هم خلق‌نینك غفلت و جهالتی سببلیك یوللرتولا تار قینکیر اگری بوگری خلق‌غه زحمت‌لیك بولوب کیلمورگان ایدی. حاضرده‌حکومت‌نینك‌عمومی اصلاحات‌پروغرامیغه موافق‌یوللرنی توزه‌تیب کنك توز و عامه‌غه‌زحمت سیز قیلماق اوچون شهر ایچی و اطرافیده ایشلنیب تورادور. انك اوچون بارچه خلقمیز خصوصاحال و قدرتلیك بای چونك کشی‌لرمز اوشبو خیریت ایشقا یاردم و سعی لرینی دریغ توتماسلیقی لازمدور.

### مبارك بولسون

بزنینك ینگی حکومتمز نینك 6 ماده‌لیق شعاری استیدا بز اویغور ملتی‌غه برگان حقوق‌لرنی همه وقت عمل میدانیغه قویماقدا مانا بزلر نچه یل‌لردن بری ظالم‌حکومت قول استیدا موندا‌غ گزیت چیقاریش دیکان ایش توگل بلکه گزیت اوقوشغه‌مم یول تاپمغان ایدوك حاضر بزنینك اولوغ رهبر ینگی حکومتمز بز اویغورلرغه بر دانه‌ینگی‌یاخشی اویغورچه‌مطبعه‌نی دوستومیز سویت حکومتیدن الدوروب الیب کلیب کاشغرغه قوردوروب بردی مذکور مطبعه‌میز اوشبو 8 نجی ای‌نینك 15 نجی کونیدن ابتدا‌قیلیب ایشله مکده‌دور. 1نجی نوبت‌ده مطبعه‌ده گزیته‌میز چیقدی انینك اوچون اویغور اقارتو اویوشمه طرفیدن ترقی‌پرور عدالت‌لیك‌ینگی‌حکومتمز غه تشکر قیلماق ایله برابر ینگی مطبعه و گزیته‌میزنی تبریك‌قیلامن.
اقارتو اویوشمه‌باشلقی‌حاجی‌عبدالله

کاشغردەنکی مطبعه‌خانه‌مز اچیلدی

ایکی ایلدن بری کاشغر شین جین جانك محکمه‌سی‌نینك قبله طرفیداکی چونك یول‌اوستیداکی جایدا مرکزی حکومت‌نك بویروقیچه گزیته نشریات‌اوچون عمارت‌قیلنیب حاضر بو بنا عمارت پوتون ینگی صاتیب النغان مطبعه ماشینه‌سی حروف اسباب لرعنی برلشتوروب شوندا گزیته نشریات اداره‌سی قورولوب ایش‌غه باشلاندی. انك اوچون عموم وطنداشلرمیزغه خوش‌خبر برامیز.. ═ اداره ═

باش محرر قوتلوغ شوقی

## مشهور حاجیلریمز تشریف اتکن ایدیلر

۷ نجی ای‌نینك ۲۸ نجی کونی حج زیارتیدین قایتغان حرمتلیك حاجیلریمزدین جناب موصل بای افندیم محترم عمربای‌حاجیم‌لربرنچه همراه‌لریله کاشغرگه تشریف قیلب سیجانك جنابلری اوتومبیل ایله قزیل اوی‌غچه استقبالغه باریب شهردین شین‌جین‌جانك و باشقه

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

